شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي
30
يەكشەنبە
维吾尔文 8 月30日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报网: www.xjdaily.com

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25169 - سان بۈگۈن 4 بەت

## ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە بۇ يىل 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىندى، سېتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا پائال سەپەرۋەر قىلغان بولۇپ، بۇ يىل 1 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، جەمئىي 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان ۋە سېتىشقا ياردەم بەرگەن.

يېقىنقى يىللاردا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شەكىللەنگەن تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە بولغان ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئەندىزىسىگە تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش باشقا نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلدى ——

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ 7 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىتتىپاق، باي، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى شىزاڭ بەرپا قىلىش كېرەك

## لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى، ۋاڭ ياڭ سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركەزنىڭ 7 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، جەزمەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ياخشى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە چېگرا بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق، باي، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېڭى شىزاڭ بەرپا قىلىش كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى. ۋاڭ ياڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركەزنىڭ 6 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، شىزاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلىنمىغان بىر مۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بىر مۇنچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، تۆرلۈك ئىشلاردا ھەرتەرەپلىمە ئىلگىرىلەشلەرنى، تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىزاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى تامامەن توغرا، شىزاڭنىڭ سىجىل مۇقىملىق ۋە تېز تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى. شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، قارلىق ئېگىزلىكتە جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان كەڭ يولداشلارغا، بولۇپمۇ بىرىنچى سەپنى چىڭ ساقلاپ، بىرىنچى سەپتە مۇلازىمەت قىلىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئاممىغا سەممىي سالام يوللىدى.



8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، مەركەزنىڭ 7 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەزەلدىن شىزاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ھەر قېتىمدا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىزاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بىز شىزاڭ خىزمىتىگە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش، شىزاڭنى مۇقىم قىلىش، شىزاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈردۇق. شىزاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن دۆلەت ئىدارە قىلىشتا چوقۇم چېگرانى ئىدارە قىلىش، چېگرانى ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن شىزاڭنى مۇقىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى شىزاڭ خىزمىتىنىڭ كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىش، جەزمەن شىزاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، خەلقنى بېيىتىپ شىزاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىزاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، ئاساسنى پۇختىلاشتىن ئىبارەت مۇھىم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، جەزمەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىش، جەزمەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىزاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شىزاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ مىزانى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىزاڭ خىزمىتىدە جەزمەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاممىغا بولغان تەربىيە، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

#### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

## يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى قوشۇنىغا بايراق بەرگەنلىكى ھەم تەلىم سۆزى قىلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

## پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايمىز

3 - بەتتە »

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئۇقۇش يېتەكچىسى
ھەرقايسى تەرەققىيات رايونلىرىدىكى كارخانىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى
شىنجاڭدىن چىقىدىغان كۆپلىگەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى يېڭىدىن ئېچىلدى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى
24 مىڭ توننا نەشپۈت زاكاز قىلىندى
4 - بەتتە